السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# بەدىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارغا قارىدى، ئۇلار مىڭ ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئۈچ يۈز ئون توققۇز كىشى ئىدى

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: بەدىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارغا قارىدى، ئۇلارنىڭ سانى مىڭ ئىدى، ساھابىلىرى ئۈچ يۈز ئون توققۇز كىشى ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ، ئىككى قولىنى سوزۇپ، ئاللاھ تائالاغا يۇقىرى ئاۋازدا: «ئى ئاللاھ! ماڭا بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئورۇندىسىلا، ۋەدە قىلغانلىرىنى بەرسىلە، ئەگەر ئىسلام ئەھلىدىن بولغان مۇشۇ جامائەت ھالاك بولۇپ كەتسە، زېمىندا سىلىگە ئىبادەت قىلىنمايدۇ» دەپ ئىككى قولىنى سوزۇپ، قىبلىگە يۈزلىنىپ، پەرۋەردىگارىغا رىداسى مۈرىسىدىن چۈشۈپ كەتكىچە يالۋۇرۇپ دۇئا قىلدى، ئەبۇبەكرى كىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىيىمىنى ئېلىپ، دولىسىغا قويغاندىن كىيىن، كەينى تەرىپىدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!

پەرۋەردىگارلىرىغا قىلغان ئىلتىجالىرى يېتەرلىك بولدى، ئاللاھ تائالا سىلىگە قىلغان ۋەدىسىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدۇ،- دېدى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: {ئۆز ۋاقتىدا (دۇئا قىلىپ) پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار، ئاللاھ: «سىلەرگە ئارقىمۇ ـ ئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن» دەپ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدى} [ئەنپال سۈرىسى: 9-ئايەت]، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەرىشتىلەر بىلەن ياردەم بەردى. ئەبۇ زەمىل مۇنداق دېدى: ئىبنى ئابباس ماڭا ھەدىس سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېدى: ئۇ كۈندە مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشى ئالدىدىكى مۇشرىكنى ئىز بېسىپ قوغلاۋاتاتتى، تۇيۇقسىز ئۈستى تەرەپتىن قامچا ئاۋازى ۋە بىر چەۋەندازنىڭ «تىز چاپ! ھەيزۇم» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى، ئالدىدىكى مۇشرىككە قارىسا، ئۇ ئوڭدىسىغا يېتىپتۇ، قامچا زەربىسىدىن ئۇنىڭ بۇرنى ماخچىيىغان، يۈزى يېرىلغان ئىكەن، ئەنسارى كىلىپ بولغان ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بەرگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «راست ئېيتتىڭ، ئۇ ئۈچىنچى ئاسماندىن كەلگەن ياردەم» دېدى، مۇسۇلمانلار شۇ كۈندە مۇشرىكلاردىن يەتمىشنى ئۆلتۈرۈپ، يەتمىشنى ئەسىرگە ئالدى. ئەبۇ زەمىل مۇنداق دېدى، ئىبنى ئابباس مۇنداق دېدى: مۇسۇلمانلار ئۇلارنى ئەسىر ئالغان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرگە: «بۇ ئەسىرلەر ھەققىدە پىكرىڭلار قانداق؟ دېدى، ئەبۇبەكرى: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئۇلار تاغىلىرىنىڭ باللىرى ۋە ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى، مېنىڭچە: ئۇلاردىن پىدىيە ئالسىلىرى، كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇشتا بىزگە كۈچ بولىدۇ، ئاللاھ تائالا كىيىن ئۇلارنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلىپ قىلىشى مۇمكىن،- دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى خەتتابىنىڭ ئوغلى! سەن قانداق قارايسەن؟» دېدى، مەن: ئاللاھ بىلەن قەسەم، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مېنىڭ قارىشىم ئەبۇبەكرىنىڭ قارىشىغا ئوخشىمايدۇ، لېكىن مېنىڭچە: بىزگە تاپشۇرسىلا، ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالساق، ئۇقەيلنى ئەلىگە بەرسىلە، كاللىسىنى ئالسۇن، ماڭا پالانى تۇققۇنۇمنى بەرسىلە، ئۇنىڭ كاللىسىنى مەن ئالاي، بۇلار كۇپىرنىڭ چوڭلىرى ۋە كاتتىۋاشلىرى،- دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەكرىنىڭ پىكرىنى ياقتۇردى، مېنىڭ پىكرىمنى ياقتۇرمىدى. ئۆمەر مۇنداق دېدى: ئەتىسى ئەتىگەندە كەلسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرى يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ، مەن: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! بۇ ھەمراھلىرى بىلەن نېمە ئۈچۈن يىغلىلا؟ ماڭا دەپ بەرسىلە، ئەگەر يىغلىيالىسام مەنمۇ يىغلاي، يىغلىيالمىسام سىلەرگە يىغلىشىپ بېرەي،- دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەمراھلىرىڭغا ئۇلاردىن پىدىيە ئالغانلىقىدىن يۈزلەنگەن نەرسە مېنى يىغلاتتى، ماڭا ئۇلارنىڭ ئازاۋى مۇشۇ دەرەختىنمۇ يېقىن جايدا كۆرسىتىلدى،- دېدى، - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىن يەردە بىر دەرەخ بار ئىكەن- ، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: {پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (يەنى مۇشرىكلىكنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ)، ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى. (ئى مۆمىنلەر! سىلەر

فىدىيە ئېلىش بىلەن) دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەيسىلەر، ئاللاھ سىلەرگە ئاخىرەتنى (يەنى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى) تىلەيدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ئاللاھنىڭ (ئوچۇق چەكلەنمىگەن ئىشنى قىلغانلارنى جازالىماسلىق دېگەن) ھۆكمى ئەزەلىسى بولمىسا ئىدى، (ئەسىرلەردىن) فىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار، (ئى جىھاد قىلغۇچىلار جامائەسى!) غەنىيمەت ئالغان نەرسەڭلارنى ھالال ۋە پاك بىلىپ يەڭلار، ئاللاھ (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىش) دىن قورقۇڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر} [ئەنپال سۈرىسى: 67 ~ 69 ئايەتكىچە]، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا غەنىمەتنى ھالال قىلىپ بەردى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

بەدىر ئۇرۇشى بولغان ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارغا قارىدى، ئۇلارنىڭ سانى مىڭ ئىدى، ساھابىلىرى ئۈچ يۈز ئون توققۇز كىشى ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارغا نىسبەتەن ساھابىلىرىنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى بىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، يۇقىرى ئاۋازدا: «ئى ئاللاھ! ماڭا بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئورۇندىسىلا، ۋەدە قىلغانلىرىنى بەرسىلە، ئەگەر بۇ مۇسۇلمانلارنى ھالاك قىلسىلىرى، زېمىندا سىلىگە ئىبادەت قىلىنمايدۇ»، (يەنى: ئى ئاللاھ! ماڭا قىلغان ۋەدىلىرىنى ئەمىلىيەتكە چىقارسىلا، مۇسۇلمانلارغا كاپىرلارغا قارشى ياردەم بەرسىلە، بۇ مۇسۇلمانلارنى ھالاك قىلىۋەتسىلە، زېمىندا سىلىگە ئىبادەت قىلىنمايدۇ) دەپ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، قىبلىگە يۈزلىنىپ، كىيىمى مۈرىسىدىن چۈشۈپ كەتكىچە يالۋۇرۇپ دۇئا قىلدى، ئەبۇبەكرى كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رىداسىنى ئېلىپ مۈرىسىگە قويغاندىن كېيىن، كەينى تەرىپىدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! پەرۋەردىگارلىرىغا قىلغان ئىلتىجالىرى يېتەرلىك بولدى، ئاللاھ تائالا سىلىگە قىلغان ۋەدىسىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدۇ،-دېدى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: {ئۆز ۋاقتىدا (دۇئا قىلىپ) پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار، ئاللاھ: «سىلەرگە ئارقىمۇ-ئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن» دەپ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدى} [ئەنپال سۈرىسى: 9-ئايەت]، يەنى: سىلەر ئاللاھقا يالۋۇرۇپ، يادەم تەلەپ قىلغان ۋاقىتتا، سىلەرنىڭ تەلىپىڭلارنى ئىجابەت قىلىپ، ئارقىمۇ-ئارقا چۈشىدىغان مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بەردى. ئاندىن ئىبنى ئابباس مۇنداق دېدى: ئەنسارىلاردىن بىر مۇسۇلمان بىر مۇشرىكنىڭ كەينىدىن ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن يۈگرىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز ئۈستى تەرەپتىن قامچا بىلەن ئۇرغان ئاۋازنى ۋە بىر چەۋەندازنىڭ «ھەيزۇم! ئالغا» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى، قاراپ، ھېلىقى مۇشرىكنىڭ يىقىلىپ ياتقانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭ بۇرنىدا قامچا ئىزىنى، يۈزىدە يېرىقنى بايقىدى، ئەنسارى كېلىپ بولغان ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنىڭ ئۈچىنچى ئاسماننىڭ پەرىشتىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى، ھەيزۇم ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئىسمى ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى، مۇسۇلمانلار شۇ كۈندە مۇشرىكلاردىن يەتمىشنى ئۆلتۈرۈپ، يەتمىشنى ئەسىرگە ئالدى، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى ئەسىر ئالغان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەكرى بىلەن ئۆمەرگە: «بۇ ئەسىرلەرنى قانداق قىلىمىز؟»دېدى، ئەبۇ بەكرى: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار بىزنىڭ تۇغقانلىرىمىز، تاغىمىزنىڭ ئوغۇللىرى، مېنىڭچە، ئۇلاردىن پۇل ئېلىپ قويىۋەتسەك، بۇ پۇلنىڭ بىزگە كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇشتا ياردىمى بولىدۇ، بەلكىم ئاللاھ تائالا ئۇلارنى كېيىنچە ئىسلامغا ھىدايەت قىلىشى مۇمكىن،- دېدى، ئۆمەر مۇنداق دېدى: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئەبۇ بەكرىنىڭ قارىشىغا قوشۇلمايمەن، مېنىڭچە: ئۇلارنى ئۆلتۈرەيلى، بىزدىن ھەر بىرەيلەن ئەسىرلەردىن ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىنى ئۆلتۈرسۇن، چۈنكى ئۇلار كۇپىرنىڭ يېتەكچىلىرى، ئازغۇنلۇقنىڭ باشلىرى،- دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەرنىڭ سۆزىنى ياقتۇرماي، ئەبۇبەكرىنىڭ سۆزىگە قېتىلدى. ئۆمەر ئەتىسى كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرى يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ ھەمراھلىرى بىلەن نېمە ئۈچۈن يىغلىغانلىقلىرىنى ماڭا دەپ بەرسىلە، ئەگەر يىغلىيالىسام مەنمۇ يىغلاي، يىغلىيالمىسام سىلەرگە يىغلىشىپ بېرەي،- دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاللاھ ئەسىرلەردىن پىدىيە قوبۇل قىلىش پىكرىدە بولغانلارغا بولىدىغان ئازابنى توغرىلىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئازاۋى ماڭا بۇ دەرەختىنمۇ يېقىن جايدا كۆرستىلگەنلىكى ئۈچۈن يىغلىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى، - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىن يەردە بىر دەرەخ بار ئىكەن-ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: {پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (يەنى مۇشرىكلىكنىڭ ھەيۋىسنى يوقىتىپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ)، ئەسىرلەردىن فىدىيە (يەنى تۆلەم) ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى. (ئى مۆمىنلەر! سىلەر فىدىيە ئېلىش بىلەن) دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەيسىلەر، ئاللاھ سىلەرگە ئاخىرەتنى (يەنى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى) تىلەيدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر،ئاللاھنىڭ (ئوچۇق چەكلەنمىگەن ئىشنى قىلغانلارنى جازالىماسلىق دېگەن) ھۆكمى ئەزەلىسى بولمىسا ئىدى، (ئەسىرلەردىن) فىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار،(ئى جىھاد قىلغۇچىلار جامائەسى!) غەنىيمەت ئالغان نەرسەڭلارنى ھالال ۋە پاك بىلىپ يەڭلار، ئاللاھ (نىڭ

ئەمرىگــە مۇخالىپەتچىلىــك قىلىــش) دىــن قــورقۇڭلار. ئــاللاھ ھەقىقەتــەن مــەغپىرەت قىلغۇچىــدۇر، (بەنــدىلىرىگە) مېھرىبانــدۇر} [ئەنپــال سۈرىســى: 67~69-ئــايەتكىچە]، يــەنى: پەيغەمبــەر ئۈچــۈن ئــاللاھنىڭ دىنىنــى يوقىتىشقــا تىرىشىدىغان، نۇرىنى ئۆچۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىغان كاپىرلارنى ئەسىرگە ئېلىپ، ئۇلاردىن كېلىدىغان ئازغىنە تۆلەم ئۈچۈن ئۇلارنى ھايات قالدۇرۇشقا ئالدىرىشى توغرا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئۇلارنى يوقىتىپ، يامانلىقىنى تۈگۈتۈشنى تەلەپ قىلىدىغان مەنپەئەتكە نىسبەتەن بەك ئاز نەرسىدۇر، ئۇلارنىڭ يامانلىقى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتى داۋاملىشىدىكەن، ئۇلارنى ئەسىر قىلماسلىق ئەڭ ياخشى، ئۇلارنىڭ يامانلىقى يوقىلىپ، ئاجىزلاشسا، ئۇ ۋاقىتتا ئۇلارنى ئەسىر قىلىپ، قالدۇرۇپ قويسا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن كاپىرلاردىن كۈچ بىلەن ئالغان غەنىمەتنى ھالال قىلىپ بەردى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/10555